## 12840 ـ ئاياللار ئەرلەر بىلەن ساۋاپ ۋە جازادا باراۋەرمۇ

### سۇئال

بەزى كىشىلەر : ئاياللار ئەقىل ، دىن ، مىراس ۋە گۇۋاھلىق بېرىش جەھەتتە كەمتۈك دەيدۇ . ۋە بەزىلەر : ئاللاھ ئۇلارنى ساۋاپ ۋە جازادا باراۋەر قىلدى دەيدۇ . شۇڭا ئۇلار ئىسلام شەرىئىتىدە كەمتۈكمۇـيوق ، قارىشىڭلار قانداق ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

ئىسلام شەرىئىتى ئايالنى ھۆرمەتلەپ كەلدى ، ئۇنىڭ ئورنىنى كۆتۈردى ، ئۇنى ئۆزىگە لايىق ئورۇنغا قويدى ، ئۇنى ئاسرىدى ، ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەقـھۆرمىتىنى قوغدىدى . شۇنىڭ بىلەن ئىسلام ئايالنىڭ ئىگەـچاقىسىنى ۋە ئېرىنى ئۇنىڭ چىقىمىنى قىلىشقا ، ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشقا ، ئۇنى ئاسراشقا ۋە ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرىدى . ئاللاھ مۇنداق دىگەن : ئۇلار بىلەن ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈڭلار [ نىسا(ئايالار): 19 ]

ئىسپاتلانىدىكى ، پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەربىيلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) مۇنداق دىگەن : سىلەرنىڭ ياخشىڭلار ئاياللىرىغا ياخشى بولغانلار . ھەمدە مانا مەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئاياللىمغا ياخشىمەن . [ تىرمىزىي نەقىل قىلغان ، 5709 ، 3895 ]

ھەمدە ئىسلام ئايالغا ئۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان بارلىق ھوقۇقلارنى بەردى ھەمدە ئۇلارغا ئىشلىرىنى مۇۋاپىق ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىشقا رۇخسەت قىلدى . ئاللاھ مۇنداق دىگەن : ظاياللىرع ظىستعدة ظةرلةرنعث ھةقلعرع بولغعنعدةك، ظةرلعرع ظىستعدة ظاياللارنعثمۇ ھةقلعرع بار (يةنع ظاياللار مۇۋاصعق دةرعجعدة ھوقۇقتعن بةھرعمةن بولۇشع كئرةك ،مۇۋاصعق دةرعجعدة مةجبۇرعيةتمۇ ظأتعشع كئرةك ).(ظاياللارغا مةھرع بئرعش ۋة ظۇلارنعث تۇرمۇشعنع قامداش مةجبۇرعيةتلعرع ظةرلةرضة يۈكلةنضةنلعكتعن ) ظةرلةر ظاياللاردعن بعر دةرعجة ظارتۇقلۇققا ظعضة .الله غالعصتۇر .ھئكمةت بعلةن ظعش قعلغۇچعدۇر . [ بەقەرە(ئىنەك ) : 228 ]

بۇ بارلىق مۇئامىلىلەرنى ، سېتىۋېلىش ، سېتىش ، ياراشتۇرۇش ، ۋەكىل قىلىش ، ئارىيەت بېرىش ، ئامانەتكە قويۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

ئىسلام ئۇنىڭغا ئىبادەتلەر ۋە مەجبۇرىيەتلەردىن ئۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغىنىنى ۋاجىپ قىلدى ، ئەر كىشىگەئوخشاش ۋاجىپ ئىشلار بولسا پاكلىنىش ، زاكات ، ناماز ، روزا ، ھەج ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىبادەتلەر .

بىراق ئىسلام مىراسقا كەلگەندە ئايالغا ئەرنىڭ ئۈلۈشىنىڭ يېرىمىنى بېكىتتى ، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزىگە ، ياكى ئۆيىگە ۋە ياكى باللىرىغا چىقىم قىلىش مەجبۇرىيتى يوق . ئۇنىڭ مەجبۇرىيتى ئەردە . ۋە شۇنىڭدەك ئەركىشى مېھمانلارغا چىقىم قىلىشقا ، قۇتقۇزۇش پۇلىنى(دىيەت) بېرىشكە ، ھەمدە توقۇنۇشىپ قالغان جامائەتلەر ئارىسىدىكى مۇرەسسەگە چىقىم قىلىشقا مەسئۇل .

بەزى ئەھۋاللاردا ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ بىر ئەرنىڭ گۇۋاھلىقىغا تەڭ بولۇشىغا كەلسەك ، بۇنىڭ سەۋەبى ئايال كىشى ئۆزىدىكى ھەيز ، ھامىلدارلىق ، تۇغۇش ، بالىلارنى بېقىش قاتارلىق تەبىئىي ئايلىنىشلار سەۋەبلىك ئەرلەرگە قارىغاندا بەكرەك ئۇنتۇغاق كېلىدۇ . بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كاللىسىنى ئىگەللىۋالىدۇ ھەمدە ئۇنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ . شۇڭلاشقا شەرئى دەلىلەر كۆرسەتتىكى ، يەنە بىر ئايال بىر ئايالنىڭ گۇۋاھلىقىنى كۈچەيتىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تىخمۇ توغرا بولىدۇ . بىراق يەنە پەقەت ئاياللارغىلا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بولۇپ ، ئۇنىڭدا بىر ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى يېتەرلىك بولىدۇ . مەسىلەن ، بالا قانچە قېتىم ئىمتىلگەنلىكىنى ، تويغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەيىپلەر ۋە باشقىلارنى ئىنىقلاش .

ئايال ئەجىردە، ئىماندا چىڭ تۇرۇشتا ، يارام ئىشلارنى قىلىشتا ، بۇ دۇنيادا ياخشى تۇرمۇشتىن، ئاخىرەتتە كاتتا مۇكاپاتتىن بەھرىمەن بولۇشتا ئەر بىلەن باراۋەر .

ئاللاھ مۇنداق دىگەن : ظةر ـ ظايال مأمعنلةردعن كعمكع ياخشع ظةمةل قعلعدعكةن، بعز ظذنع ظةلؤةتتة (دذنيادا قاناظةتحانلعق، هالال رعزعق ؤة ياخشع ظةمةللةرضة مذؤةصصةق قعلعص) ظوبدان ياشعتعمعز، ظذلارغا، ظةلؤةتتة، قعلغان ظةمةلعدعنمذ ياخشعراق ساؤاب بئرعمعز . [ نەھل(ھەسەلھەرىسى ): 97 ]

شۇنىڭ بىلەن بىلدۇقكى ، ئايالنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى بار ۋە مەجبۇرىيەتلىرى بار ، ۋە شۇنىڭدەك ئەرنىڭمۇ ھەق ـ ھوقۇقلىرى ۋە مەجبۇرىيەتلىرى بار . ھەمدە يەنە ئەرلەرگە ماس كېلىدىغان ئىشلار بار بولۇپ ، ئاللاھ ئۇ ئىشلارنى ئەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى قىلدى ، شۇنىڭدەك ئاياللارغا ماس كېلىدىغان ئىشلار بار بولۇپ ، ئۇ ئۇلارنى ئاياللارنىڭ مەسئۇلىيىتى قىلدى .

ھەمدە ئاللاھ كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ مەنبىيى .

[ ئىلمى تەتقىقات ۋە فەتىۋا بېرىش دائىمى كومىتېتى 717 ]